
# ئىراننىڭ خىتاي ئۈچۈن مۇھىملىق دەرىجىسى قانچىلىك؟

مەۋلان تەڭرىقۇت

(2026-3-9)



يەر شارى خاراكتېرلىك توقۇنۇشلارنىڭ كۈچىيىشىگە، بولۇپمۇ ئىراندا كەسكىنلىشىۋاتقان ئۇرۇش ۋەزىيىتىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ دىققەت نۇقتىسى خىتاي ۋە رۇسىيەگە ئوخشاش چوڭ دۆلەتلەرنىڭ قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىغا بۇرالدى. تېھراننىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئىككى دىپلوماتىك ھەمكارلاشقۇچىسى بولغان رۇسىيە ۋە خىتاي، ئامېرىكا-ئىسرائىلىيەنىڭ ئىرانغا قاراتقان ئۇرۇشنى خەلقئارا قانۇنغا ئوچۇق-ئاشكارە خىلاپلىق قىلىش دەپ ئاتىدى. پۇتىن ئىران ئالىي رەھبىرى ئەلى خامېنېىينىڭ سۈيىقەستكە ئۇچرىشىنى «ئىنسانىي ئەخلاقنىڭ بارلىق نورمىلىرىغا رەزىللەرچە خىلاپلىق قىلىش» دەپ سۈپەتلىدى. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى بولسا تېخىمۇ سىلىق دىپلوماتىك تىل بىلەن ئىسرائىلىيەلىك كەسۋدىشى گىدېئون سارغا (Gideon Saar) «كۈچ ئىشلىتىش مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلالمايدۇ» دېدى ۋە بارلىق تەرەپلەرنى ۋەزىيەتنىڭ تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشقا چاقىردى.

بۇنىڭدىن باشقا خىتاي رۇسىيە بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ جىددىي يىغىن چاقىرىشىنى بىرلىكتە تەلەپ قىلدى. بۇ ئىنكاسلار ئىران، رۇسىيە ۋە خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. موسكۋا بىلەن بېيجىڭ قوش تەرەپلىك كېلىشىملەرنى ئىمزالاپ، بىرلەشمە دېڭىز ئارمىيە مانېۋىرلىرى ئارقىلىق ماسلىشىشنى كېڭەيتتى ھەمدە ئۆزلىرىنى ئۆزئۆندىن بۇيان يېتىم قالدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ

كېلىۋاتقان «ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى خەلقئارا تەرتىپ»كە قارشى بىرلىككە كەلگەن سېپىنى نامايەن قىلدى. گەرچە ئۇلار كەسكىن بىر شەكىلدە ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيەگە قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ھېچقايسىسى ئىراننى قوللاش ئۈچۈن ھەربىي جەھەتتىن ئارىلىشىش ئارزۇسىنى ئىپادىلىمىدى.

بۇنىڭغا قارىتا نۇرغۇنلىغان ۋەزىيەتنى كۆزەتكۈچىلەر بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىران ھايات-ماماتلىق پەيتكە دۇچ كەلگەندىمۇ ئۇنۇملۇك ياردەم قىلمىغانلىقى ھەققىدە مۇنازىرە قىلماقتا. گەرچە ھازىر ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولسىمۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ياردەم قىلىش ئېھتىماللىقى بولسىمۇ، بۇ يازمىدا بولۇپمۇ خىتاينىڭ نېمە ئۈچۈن «ئېغىر بېسىق» ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى تەھلىل قىلىنىدۇ. يازمىنىڭ بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىككى بۆلۈمگە بۆلۈپ ئېلان قىلىنىدۇ.

## ئىراننىڭ خىتاي ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق رامكىسىدىكى ئورنى

ئىران بىلەن خىتاي 1971-يىلى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان. دەسلەپتە ئىراننىڭ ئىسلامىي بىر ھاكىمىيەت بولۇشى ۋە ئىران ئىسلام ئىنقىلابىنى ئېكسپورت قىلماقچى بولۇشى خىتاينىڭ بۇ ھاكىمىيەتكە بەك يېقىنلاشماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، ئىراننىڭ ھەم كاپىتالىزمنى ھەم كوممۇنىزمنى رەت قىلىش شۇئارى بىلەن ئىرانمۇ خىتاينى ئىدىئولوگىيەلىك رەقىب دۆلەتلەر قاتارىغا تىزغان. بۇ سەۋەبلىك ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى بەك يېقىن بولۇپ كەتمىگەن. ئەھمەدىنىجاد دەۋرىدىن كېيىن ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىدە غەربنىڭ ئېغىر دەرىجىدىكى ئەمبارگولىرىنىڭ تۈرتكىسىدە، زور بۇرۇلۇش بولدى. ياۋروپا شىركەتلىرى ئىران بازىرىدىن چېكىنىشكە باشلىغاندا، تېھران «ئاسىياغا يۈزلىنىش» ئىستراتېگىيەسىنى باشلىدى؛ بۇ جەرياندا خىتاي ئىران ئۈچۈن «ھاياتلىق تومۇرى»غا ئايلاندى. بۇنى مۇنداق بىر قانچە جەھەتلەردە كۆرۈش مۇمكىن:

1. خىتاي ئىرانغا ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئەمبارگولىرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈش ياكى ئۇنىڭ تەسىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بەردى.
2. 2012-يىلىغا كەلگەندە، خىتاي ئىراننى بېنزىن بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاساسلىق دۆلەت بولۇپ قالدى. جۇخەي جېنروڭ (Zhuhai Zhenrong)، يۈنىپېك (Unipec) ۋە سىنوشېم (Sinochem) قاتارلىق خىتاي شىركەتلىرى يېقىلغۇ تەمىنلەپلا قالماي، ئىران نېفتىنى ئۈچىنچى دۆلەتلەرگە سېتىشقىمۇ ياردەم بەردى.
3. ئىران غەربنىڭ مالىيە سىستېمىسىدىن چەكلەنگەندە، خىتاي بانكا سىستېمىسى ئاساسەن ئوچۇق تۇردى. پۇل تۆلەش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىككى دۆلەت ئىران نېفتىنى خىتاي ۋە ھىندىستاننىڭ ئاشلىق ياكى گۆرۈچكە ئالماشتۇرۇشتەك بارتېر سودىسىنى قوللاندى ھەمدە سودىنى يۈەن قاتارلىق يەرلىك پۇللاردا ئېلىپ باردى.
4. ياۋروپادىكى «توتال» (Total) غا ئوخشاش گىگانت شىركەتلەر توختاملىرىنى بىكار قىلغاندىن كېيىن، خىتاينىڭ رولى ئادەتتىكى سودا شېرىكىدىن ئىراننىڭ مۇھىم ئۇل ئەسلىھەلىرىگە مەبلەغ سالغۇچى ئاساسلىق دۆلەتكە ئۆزگەردى. خىتاي شىركەتلىرى ئىراننىڭ نېفت ۋە تەبىئىي گاز كانلىرىنى ئېچىش

ئۇچۇن چوڭ توختاملارنى ئىمزالىدى. شۇنداقلا، ئاراك نېفت پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ياردەم بەردى.

5. خىتاي ئىراننىڭ ترانسپورت ئۇل ئەسلىھەلىرىگە مەبلەغ سالدى. خىتاي ئىراننى كاسپىي دېڭىزى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئېنېرگىيە ئېقىمىنىڭ ترانسپورت مەركىزى دەپ قارىدى. 2012-يىلى خىتاي ئىراننىڭ ئەڭ چوڭ سودا شېرىكىگە ئايلاندى؛ ئىراننىڭ ئېكسپورتى (ئاساسلىقى نېفت) 17.6 مىليارد ياۋروغا، خىتايدىن كىرگۈزگەن ئىمپورتى 9.96 مىليارد ياۋروغا يەتتى.

2016-يىلى شى جىنپىڭ سەئۇدى ئەرەبىستان، مىسىر ۋە ئىراندا زىيارەتتە بولغاندا، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى «ئەتراپلىق ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى»گە كۆتۈرگەن. بېيجىڭ بىلەن تېھران 2021-يىلى خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يىنىڭ تېھران زىيارىتىدە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. بۇ زىيارەت جەريانىدا ئىككى دۆلەت «25 يىللىق ھەمكارلىق كېلىشىمى» ئىمزالىغان بولۇپ، مەزكۇر كېلىشىمگە ئاساسەن، خىتاي ئىراننىڭ نېفتىغا داۋاملىق ئېرىشىش بەدىلىگە، 25 يىل ئىچىدە ئىرانغا 400 مىليارد دوللار مەبلەغ سېلىشقا ۋەدە بەرگەن. بۇ كېلىشىم ئادەتتە ۋاشىنگتون «يادرو كېلىشىمى»دىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ ئەمبارگولىرىغا دۇچ كەلگەن ئىران ئىقتىسادىنى تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارالسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ ئىرانغا ۋەدە قىلغان زور سوممىلىق مەبلەغلىرى كۆتۈلگەن سۈرەتتە ئەمەلگە ئاشمىدى.

25 يىللىق ھەمكارلىق كېلىشىمى يەنە ھەربىي مانېۋىر ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئۇچۇرلىرىدىن تەڭ بەھرىلىنىش ئارقىلىق ھەربىي ۋە خەۋپسىزلىك ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بېيجىڭ بىلەن تېھران يەنە تېررورلۇققا، قانۇنسىز كۆچمەنلەرگە ۋە چېگرا ھالقىغان تەشكىللىك جىنايەتلەرگە بىرلىكتە زەربە بېرىش كېلىشىملىرىنى تۈزگەن. خىتاي ئىرانغا ھېچقانداق خەۋپسىزلىك كاپالىتى بەرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىسى، پاراخوتقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا، باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا زاپچاسلىرى ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىستېمىلىرىنى قوللايدىغان تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەرنى ساتتى، شۇنداقلا تېخنىكىلىق ياردەم ۋە تەربىيەلەش بىلەن تەمىنلىدى. بەدىلىگە، ئىران خىتاينى ئەرزان باھالىق ئېنېرگىيە، دىپلوماتىك قوللاش، ئۇل ئەسلىھەلىردىن پايدىلىنىش ۋە پارس قولتۇقىدىكى دېڭىز ھەمكارلىق پۇرسەتلىرى بىلەن تەمىنلىدى.

خىتاي ئىران بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە تۆۋەندىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەھمىيەت بېرىدۇ:

1. خىتاينىڭ ئىراندىن سېتىۋالىدىغان نېفت ۋە تەبىئىي گازلىرى خىتاينىڭ ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. خىتاي-ئىران نېفت سودىسى «ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەتپەرەسلىك» بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ ئەمبارگوسى سەۋەبلىك سېتىلمىغان ئىران نېفتىنى خىتاي ئەرزان باھادا سېتىۋالىدۇ. شۇنداقلا ئىران خىتاينىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشىغا ۋە نېفت ئىمپورتىدا رۇسىيە ياكى سەئۇدى ئەرەبىستانغا زىيادە تايىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشىغا ياردەم بەرمەكتە.

2. ئىراننىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان دۈشمەنلىك مۇناسىۋىتى ئامېرىكىنىڭ دىققىتىنى ۋە بايلىقىنى باشقا تەرەپكە بۇراپ، خىتايغا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى چېچىۋېتىدۇ.

3. ئىران خىتاينىڭ ئوتتۇرا شەرق ۋە ئافغانىستاندىكى تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇشى ئۈچۈن بىر كىرىش نۇقتىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ زىچ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئەلۋەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەمما دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان نۇقتا شۇكى، خىتاينىڭ دۇنيادا خېلى كۆپ دۆلەت بىلەن بۇ خىل مۇناسىۋىتى بار. يەنى خىتاي ئۈچۈن ئىران، بولۇپمۇ تىجارەت جەھەتتە ئۇنچە مۇھىم ئەمەس. ئەمما ئىراننىڭ ھازىرقى خەلقئارا سەھنىدىن چەتكە قېقىلىشۋاتقان بىر پەيتتە خىتايغا ئىقتىسادىي، دىپلوماتىيە ۋە ھەربىي جەھەتتىن بەكرەك ئېھتىياجى بار. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، خىتاينىڭ ئىران ئۈچۈن ئەھمىيىتى ئىراننىڭ خىتاي ئۈچۈن بولغان ئەھمىيىتىدىن كۆپ يۇقىرى.


خىتاينىڭ يەر شارى مىقياسىدا نۇرغۇن دۆلەت بىلەن ھەر خىل دەرىجىدە مۇناسىۋىتى بار. خىتاي تەرەپ مانا بۇ ھەمكارلىقنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسىگە قارىتا بۇ دۆلەتلەر بىلەن ئوخشىمىغان سەۋىيەدە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرماقتا. بۇ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئەمەلىيەتتە شۇ دۆلەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ قانچىلىكلىكىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، تۆۋەندىكى خەرىتىدە كۆرسىتىلگەندەك، خىتاينىڭ ئىران بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياۋروپا ئىتتىپاقى، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى شۇنداقلا ئاۋسترالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت سەۋىيەسىدە بولۇپ، خىتاينىڭ رۇسىيە، پاكىستان بىلەن بولغان «ھەر قانداق شارائىتتىكى ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى» (all-weather strategic partnerships)دىن، ھەتتا چاۋشىيەن شۇنداقلا قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ.




خىتاي يەنە باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنىڭ ۋەزنىنگە قاراپ شۇ دۆلەتلەرگە زىيارەتكە بارىدۇ ياكى ئۇلارنى بېيجىڭدا كۈتۈۋالىدۇ. بولۇپمۇ شى جىنپىڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن، خىتاينىڭ ئېششۋاتقان دۇنياۋى تەسىرىنى ئىشلىتىپ ئۆزلىرى ئىمپېرىيە دەۋرىدىكى «ئولپان تۆزۈمى»گە ئوخشاپ كېتىدىغان زىيارەت مودېلىنى تەرەققىي قىلدۇرماقتا. بۇنىڭغا ئاساسەن شى چەتئەل زىيارەتلىرىگە بەك كۆپ چىقمايدۇ، بەلكى باشقا دۆلەت

رەھبەرلىرىنى بېيجىڭغا چاقىردۇ ياكى ئۇلار كېلىدۇ. شىنىڭ چەتئەلگە زىيارىتى شۇ دۆلەتكە بېرىلگەن يۇقىرى ئىمتىياز دەپ قارىلىدۇ ۋە ئادەتتىمۇ مۇھىم دەپ قارالغان دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بروكىڭس ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن تەييارلانغان تۆۋەندىكى دىئاگراممىدا كۆرستىلگەندەك، شى جىنپىڭ 2013-يىلىدىن بېرى ئىرانغا 2016-يىلى (بىرىنچى نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىدە) پەقەت بىر قېتىملا زىيارەتكە بارغان. ئىراننىڭ ئەڭ ئاخىرقى يۇقىرى دەرىجىلىك ختاي زىيارىتىمۇ 2023-يىلى فېۋرالدا يۈز بەرگەن. بۇ زىيارەتتە شى جىنپىڭ بىلەن ئىراننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى پىرېزىدېنتى ئىبراھىم رەئىسى مۇناسىۋەتلەرنى ئىستراتېگىيەلىك ئىلگىرى سۈرۈش ۋە «سىرتقى كۈچلەرنىڭ ئىراننىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇش» مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلغان.

شى جىنپىڭ ئەڭ كۆپ زىيارىتىنى بولسا رۇسىيە، قازاقىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك دۆلەتلىرى، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەرگە قىلغان. ھىندىستان، ۋېيتنام ۋە ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە قىلغان كۆپ قېتىملىق زىيارەتلىرىنىمۇ كۆزدە تۇتقاندا، ختاي يېقىن قوشنىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ھەممىدىن ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئامېرىكىغا قىلغان زىيارەتلىرىنى بولسا زىددىيەتنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. بۇ زىيارەتلەر ختاي-ئىران مۇناسىۋىتىنىڭ ئەمەلىيەتتە سىرتتىكى ئانالىزچىلار ئويلىغاندەك ئۇ قەدەر يېقىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.




يەنە كېلىپ چوڭ جەھەتتىن ئىككى تەرەپ شېرىكچىلىك مۇناسىۋىتىدە بەزى چەكلىمىلەر مەۋجۇت. ختاي ۋە ئىراننىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق بولسىمۇ، بۇ شېرىكچىلىك رەسمىي ئىتتىپاقداشلىقتىن كۆرە پراگماتىزم (پايدىچىلىق) ئۈستىگە قۇرۇلغان. بېيجىڭ تېھران بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۆزىنىڭ غەربتىكى مەنپەئەتلىرى بىلەن تەڭشەپ تۇرىدۇ؛

1. ئامېرىكا بىلەن بولغان ئۆزئارا بېقىنىشلىق: ختاي سودا ساھەسىدىكىلەر ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ، چۈنكى ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى ختاينىڭ ئەڭ چوڭ ئىككى سودا شېرىكى. CNPC ياكى CNOOC غا ئوخشاش ختاي ئېنېرگىيە شىركەتلىرى ئۈچۈن ئامېرىكىدىكى كەڭ كۆلەملىك مەبلەغلىرىنى قوغداش ئىران تۈرلىرىدىن كۆپ پايدىلىق.

2. ئەمبارگوغا تاللاپ ماسلىشىش: بېيجىڭ خەلقئارالىق بېسىملارغا پۈتۈنلەي سەل قارىغىنى يوق. 2012-يىلى خىتاي ۋاشىنگتون بىلەن بولغان سۈركىلىشنى ئازايتىش ئۈچۈن ئىران نېفىت ئىمپورتىنى 21% قىسقارتتى. يېتەكچى خىتاي شىركەتلىرى «كۈتۈش ۋە كۆزىتىش» تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، تۈرلەرگە قىزىقىش بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىككىلەمچى ئەمبارگولاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىجرا قىلىشنى كېچىكتۈرۈپ كەلمەكتە.

ئىدىيەۋى ئورتاقلىقنىڭ كەمچىللىكى: ئىككى دۆلەت ئارىسىدا ئورتاق ئىدىيەۋى رامكا يوق ئىدى. مەسىلەن، ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق مەۋجۇت بولسىمۇ، ئىران 2012-يىلى تەيۋەنگە نېفىت ئېكسپورت قىلىشنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇردى؛ بېيجىڭ بولسا ئىراننىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كۆرسىتىشى مۇمكىن بولغان تەسىردىن ئەنسىرەيدۇ.

بۇ يەرگىچە بولغان ئانالىز ئاساسلىقى ئىران-خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ ئەمەلىيەتتە قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ زادى قانچىلىكلىكىنى بىلىش ئۈچۈن رېئاللىقنى كۆرۈش كېرەك. ئەمما ئىراننىڭ خىتاي ئۈچۈن بەزى بىر دۆلەتلەر بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە مۇھىملىقى ۋە ياكى بەك مۇھىم ئەمەسلىكى، بۇ دۆلەتنىڭ خىتاي مەنپەئەتى ئۈچۈن مۇھىم ئەمەسلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. يازمىنىڭ 2-بۆلىمىدە ئىراننىڭ خىتاي ئۈچۈن قايسى دەرىجىدە مۇھىملىقى، خىتاينىڭ قانداق ئىستراتېگىيە قوللىنىشىنىڭ ئېھتىماللىقى ۋە بۇنىڭ سەۋەبى تەھلىل قىلىنىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


- Bhole, O. (2023, July 7). China's «partnerships» with the world. ORCA
- Hass, R., & Matthias, A. (2026, January 27). How is China positioning itself as Iran's regime teeters? Brookings Institution
- Aydogan, M. (2026, March 7). China weighing financial aid, weapons components for Iran amid war: Report. Anadolu Agency
- Firstpost. (2026, March 7). West Asia plunges into war after Israel and the US bomb Iran | Vantage with Palki Sharma | N18G [Video]. YouTube
- Halktv. (2026, March 7). ABD VE İSRAİL SAVAŞI BAŞLATTI: Reza Talebi, bölge ülkeleri için kâbus yaşatacak tabloyu açıkladı! [Video]. YouTube
- Kuang, W. (2026, March 8). ›People confuse China's policy‹: Behind Russian, Chinese view on war in the Middle East. SBS News


## ماقالىنىڭ ئۇلانمىسى:

https://orhunpolicycenter.com/uy/2026/03/09/iranning_-xitay_uchun_muhimliq_derijisi_qanchilik/

ئۆتۈكەن سياسەت تەتقىقات مەركىزى

ÖTÜKEN POLICY CENTER

2026-يىلى 3-ئاينىڭ 9-كۈنى